muallim

مۇئەللىم قارىلىق ۋە ئەرەب تىلى كۇرسى

# بسم الله الرحمن الرحيم

پۈتۈن ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا ھەمدۇ ۋە سانالار بولسۇن! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە، ئۇنىڭ پاك ئائىلە تاۋاباتلىرىغا شۇنداقلا پۈتۈن ساھابىلىرىگە سالام بولسۇن!

## مەقسىتىمىز

ۋەتىنىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى بولغان ياش ئەۋلادلارنىڭ قۇرئانى كەرىم ئۆگىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ ئىسلامىي بىلىملەر بىلەن ئۆزلىرىنى بېيىتىپ، ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۈلگە قىلغان، ئەسھابى كىرامغا ئوخشاش پىداكار ۋە كۈچلۈك يېڭى نەسىللەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش.

## كۇرسلىرىمىز

1 - كۇرسىمىز: ئالتە ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان قىزلارنىڭ قارىلىق ۋە ئەرەپ تىلى كۇرسى.
ئىستانبۇل - زەيتىنبۇرنۇ سۈمەر مەھەللىسى ئادالىلار قوروسى 3 - نومۇرلۇق ئۆي.

2 - كۇرسىمىز: ئالتە ياشتىن 12 ياشچىقە بولغان ئوغۇللارنىڭ قارىلىق ۋە ئەرەپ تىلى كۇرسى.
ئىستانبۇل - زەيتىنبۇرنۇ سۈمەر مەھەللىسى ئادالىلار قوروسى 2 - نومۇرلۇق ئۆي.

3 - كۇرسىمىز: 13 ياشتىن يۇقىرى بولغان قىزلارنىڭ قارىلىق ۋە ئەرەپ تىلى كۇرسى.
ئىستانبۇل - زەيتىنبۇرنۇ گۆكئالپ مەھەللىسى 46/4 -كوچا 2 - نومۇرلۇق بىنا 3- نومۇرلۇق ئۆي.

4 - كۇرسىمىز: ئوغۇللارنىڭ قارىلىق ۋە مەخسۇس تەجۋىد كۇرسى.
ئىستانبۇل - زەيتىنبۇرنۇ سۈمەر مەھەللىسى 18 -كوچا ئا بلوك 5 - نومۇرلۇق ئۆي.

5 - كۇرسىمىز: 13 ياشتىن يۇقىرى بولغان ئوغۇللارنىڭ قارىلىق ۋە ئەرەپ تىلى ياتاقلىق كۇرسى.
ئىستانبۇل - زەيتىنبۇرنۇ نۇرى پاشا مەھەللىسى 63 -كوچا.

6 - كۇرسىمىز: 13 ياشتىن يۇقىرى بولغان قىزلارنىڭ قارىلىق ۋە ئەرەب تىلى ياتاقلىق كۇرسى.
ئىستانبۇل - زەيتىنبۇرنۇ يېنىدوغان مەھەللىسى 50 -كوچا. (بۇ كۇرسىمىزنىڭ پائالىيىتى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە باشلىنىدۇ.)

## ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىمىز

1 ) قۇرئان دەرسى
2 ) قارىلىق
3 ) تەجۋىد
4 ) ئەرەب تىلى
5 ) تەپسىر ۋە ھەدىس
6 ) فىقھ
7 ) ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئەخلاقى
8 ) دۇئالار
9 ) پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمھالى

## ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىز

1 ) خەتمە قۇرئان پائالىيەتلىرى
2 ) يازلىق تەتىل ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى
3 ) مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى
4 ) سۆھبەت پروگىراممىلىرى
5 ) كۇتۇپخانا پائالىيەتلىرى

## ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىمىز

1 ) قۇرئان دەرسى
2 ) قارىلىق
3 ) تەجۋىد
4 ) ئەرەب تىلى
5 ) تەپسىر ۋە ھەدىس
6 ) فىقھ
7 ) ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئەخلاقى
8 ) دۇئالار
9 ) پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھالى

## ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىز

1 ) خەتمە قۇرئان پائالىيەتلىرى
2 ) يازلىق تەتىل ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى
3 ) مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى
4 ) سۆھبەت پروگراممىلىرى
5 ) كۇتۇپخانا پائالىيەتلىرى

# قارىلىق پروگراممىمىز

كۇرسىمىزنىڭ قارىلىق دەرسلىرى، تېز ۋە مۇكەممەل ئېلىپ بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يەڭگىل ۋە ئاسان كېلىدىغان ھالەتتە تۈزۈلدى. بۇنى، ئۇستازلار ئۆز تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ، ئەڭ مۇكەممەل ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىگە بىرلىكتە قارار بەردى.

قارىلىق كۇرسىمىزدا ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، يادلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغانلارنى كۇرسىمىزنىڭ « 100 كۈنلۈك » مەخسۇس پروگراممىسىغا تىزىملايمىز. بۇ 100 كۈن ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار قۇرئانى كەرىمنى باشتىن ـ ئاياق تەجۋىد بىلەن يادلاپ چىقىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ « 60 كۈنلۈك » تەكرار قىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى ئۇستازلىرىغا قۇرئانى كەرىمدىن 10 بەتنى توغرا يادلاپ بېرىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ« 30 كۈنلۈك » مۇكەممەللەشتۈرۈش باسقۇچى بولۇپ، بۇ جەرياندا ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلىرىغا كۈندە قۇرئانى كەرىمدىن بىر پارىنى توغرا يادلاپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ 190 كۈن ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار ھەم قۇرئانى كەرىمنى يادلاپ بولالايدۇ ھەم تەكرارمۇ قىلالايدۇ.
( ئەسكەرتىش: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ پروگراممىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، يادلاش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغانلارنىڭ يادلاش ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. )

يېقىنقى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمىز بىلەن كۇرسىمىز قۇرۇلغان 2010 ـيىل 7 ـئاينىڭ 1 ـكۈنىدىن تا ھازىرغىچە قىز ۋە ئوغۇل بولۇپ جەمئىي 42 ئوقۇغۇچىمىز قارى بولۇپ چىقتى. پات ئارىدا يەنە 10 غا يېقىن ئوقۇغۇچىمىز قارىلىقنى تاماملايدۇ. ياخشى ئوقۇغانلار ماددىي جەھەتتىن مۇكاپاتلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋە ئۇستازلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىشى ناھايىتى مۇھىم. كۇرسىمىز بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇستازلار ئوقۇغۇچىلار توغرىسىدا مەخسۇس بىر دەپتەر تۇتىدۇ. بۇ دەپتەرنىڭ ئاتا-ئانىلار بىلەن ئۇستازلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىشتە رولى بولىدۇ. دەپتەرگە يېزىلىشى لازىم بولغان نۇقتىلار تۆۋەندىكىدەك:

1 ) ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۇرسقا كېلىپ ـ كېتىش ۋاقتى
2 ) تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋەزىيىسى
3 ) قۇرئانى كەرىمدىن ئۇستازىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن يېرى
4 ) ئوقۇش ئەھۋالى
5 ) ئۇستازنىڭ پىكرى
6 ) ئاتا-ئانىلارنىڭ پىكرى

مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلىشىدۇر. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى، تاپشۇرۇقلىرىنى ۋاقتىدا ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت قاتارلىق دىققەتنى چاچىدىغان ۋاستىلاردىن قەتئى توسىشى لازىم. ئۇستازلارمۇ دەرسخانىدا ئوقۇغۇچىلارغا مۇلايىم ۋە ئىلمي ئۇسۇل بىلەن دەرس بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مۇنتىزىم كونترول قىلىشى لازىم. شۇنداقلا، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قىرائىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ، خاتالىق سادىر قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## ئوقۇغۇچىلىرىمىز

نۆۋەتتە، كۇرسىمىزدا قىز -ئوغۇل بولۇپ جەمئىي 184 ئوقۇغۇچى ئوقىماقتا. ھازىرغىچە، كۇرسىمىزدا 42 قارى يېتىشىپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا، قۇرئانى كەرىمدىن ئىككى پارىدىن 15 پارىگىچە يادلاپ بولۇپ، ئوخشىمىغان سەۋەبلەر بىلەن كۇرسىمىزدىن ئايرىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 247 نەپەر. بۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى تەتىل ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ قۇرئانى كەرىمنى ئوقۇشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كۇرسىمىزغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ( بۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ بار.)

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يىل تۈركىيەدىكى ئىمام - خاتىپ مەكتەپلىرىگە ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ سانى 10دىن ئاشتى.

نۆۋەتتىكى ئوقۇغۇچىلىرىمىز، كۈندىلىك كېلىپ-كېتىدىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ياتاقلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىلغان بولۇپ، كۈندىلىك كېلىپ-كېتىدىغان ئوقۇغۇچىلار تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئوقۇغۇچىلاردۇر.

1 - ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن 12 گىچە قارىلىق كۇرسى ئوقۇغۇچىلىرى.

2 - چۈشتىن كېيىن بىردىن تۆتكىچە دۆلەت مەكتەپلىرىدىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار.

3 - ئىستانبۇلدىكى سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە سۇدان ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان 45 نەپەر ئوقۇغۇچىمىز بولۇپ، ئۇلار چۈشتىن كېيىن تۆتتىن يەتتىگىچە كۇرسىمىزدا تەلىم ئالماقتا. (بۇ مەكتەپلەر ئەرەبىستان ۋە سۇدان ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىستانبۇلدىكى ئەلچىخانىلىرى تەرىپىدىن ئېچىلغان بولۇپ، دەرسلەر تامامەن ئەرەبچە بولغاچقا، كۇرسىمىزنىڭ يېتەكلىشىگە ئېھتىياجى بار.)

ياتاقلىق ئوقۇغۇچىلىرىمىز، دۈشەنبىدىن باشلاپ شەنبە چۈشتىن كېيىنگىچە كۇرسىمىز تەسىس قىلغان ياتاقلاردا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، شەنبە چۈشتىن كېيىن ئائىللىرىگە قايتىدۇ، يەكشەنبە كۈنى كەچ سائەت يەتتىدىن بۇرۇن كۇرسىمىزغا قايتىپ كېلىدۇ.

## ياتاقلىق كۇرسىمىزنىڭ ھەپتىلىك دەرس جەدۋىلى

كۇرسىمىزنىڭ دەرس پروگراممىسى « بەش يىللىق پىلان » بويىچە تۈزۈلدى. تۆۋەندىكى دەرس جەدۋىلى بىر مەۋسۇملۇق (ئالتە ئايلىق) پىلان بولۇپ، ئىككىنچى مەۋسۇمدىن كېيىن دەرسلىك مەزمۇنلار ئۆزگىرىدۇ. بەش يىللىق پىلانىمىزدا: سەرف، نەھۋى، ئىملا، فىقھ، ھەدىس، تەپسىر، تەۋھىد، ئىسلام تارىخى، فەرائىز (مىراس ئىلمى)، بالاغەت (ئىستىلىستىكا)، پەيغەمبەرلەر تەرجىمھالى ... ئۇيغۇر تىلى، تۈرك تىلى ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق ئەڭ مۇھىم دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ.

| دەرس ۋاقىتلىرى / كۈنلەر | دۈشەنبە | سەيشەنبە | چارشەنبە | پەيشەنبە | جۈمە | شەنبە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1-سائەت 8:00 | ئەرەب تىلى | سەرف | ئەرەب تىلى | تەۋھىد | سەرف | قۇرئانى كەرىم |
| 2-سائەت 9:00 | ئەرەب تىلى | تەۋھىد | سەرف | ئۇيغۇر تىلى | ئەرەب تىلى | قۇرئانى كەرىم |
| 3-سائەت 10:00 | قۇرئانى كەرىم | ئىملا | ماتېماتىكا | ھەدىس | ماتېماتىكا | ئەخلاق دەرسى |
| مۇزاكىرە قىلىش، پېشىن نامىزى ۋە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى 11:00 ------- 14:00 | | | | | | |
| 4-سائەت 14:00 | ھەدىس | ئەرەب تىلى | ئىسلامى ئەدەب | ئەرەب تىلى | ئۇيغۇر تىلى | ھەپتىلىك خۇلاسە |
| 5-سائەت 15:00 | ئىسلامى ئەدەب | قۇرئانى كەرىم | تۈرك تىلى | تۈرك تىلى | قۇرئانى كەرىم | قايتىش |

ئىزاھات:

1- ھەر سائەتلىك دەرس ۋاقتى ئەللىك مىنۇت بولۇپ، قالغان ئون مىنۇت تەنەپپۇس ۋاقتى.

2- بەش سائەتلىك دەرس پروگراممىسىدىن كېيىن كەچ سائەت توققۇزغىچە مۇزاكىرە قىلىش، كەچلىك تاماق يېيىش ۋە ناماز ئوقۇش.

# ئۇستازلىرىمىز

## ئۇستاز ئابدۇللاھ سانفۇ

سۇرىيەدە داڭلىق ئۇستازلاردىن دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، تەجۋىد ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى. تۈركىيەدىكى مەشھۇر مەكتەپلەردە تەجۋىد دەرسلىرىنى بەرگەن ئۇستاز، ھازىر كۇرسىمىزدا كۈندە بەش سائەتتىن ھەپتىدە بەش كۈن جەمئى 25 سائەت مەخسۇس تەجۋىد دەرسى بەرمەكتە.

## ئۇستاز ئابدۇسسەمەد قارىم

سەئۇدى ئەرەبىستان رىياددىكى ئىمام مۇھەممەد بىن سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتىتىنى پۈتتۈرگەن. بۇرۇن پاكىستان ۋە مىسىردا ئوقۇغان بۇ ئۇستازىمىز ھازىر كۇرسىمىزدا قۇرئانى كەرىم ۋە ئەرەب تىلى دەرسى بېرىۋاتىدۇ.

## ئۇستاز تاش قارىم

ۋەتىنىمىزدە ئىسلامىي ئىلىمنىڭ ئاساسىنى سالغاندىن كېيىن، پاكىستان كاراچى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتىتىنى پۈتتۈرگەن. كېيىن يەنە مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتىتىنى پۈتتۈرگەن بۇ ئۇستازىمىز ھازىر كۇرسىمىزدا قۇرئانى كەرىم ۋە ئەرەب تىلى دەرسى بېرىۋاتىدۇ.

## ئۇستاز يەھياجان

ۋەتىنىمىزنىڭ ئۈرۈمچى شەھرىدە  ئۇنىۋېرسىتىتنى ئوقۇغان. تەجۋىد ئىلمىنى كۇرسىمىزدىكى ئۇستاز ئابدۇللاھ سانفۇدىن ئالغان بولۇپ، مىسىردىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلغان بۇ ئۇستازىمىز ھازىر كۇرسىمىزدا قۇرئانى كەرىم دەرسى بېرىۋاتىدۇ.

## ئۇستاز ئالىمجان

پاكىستان كاراچىدىكى دارۇل ئۇلۇمدا قارىلىقنى تاماملىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستان رىياددىكى ئىمام مۇھەممەد بىن سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتىتىنى پۈتتۈرگەن بۇ ئۇستازىمىز، ھازىر كۇرسىمىزدا قۇرئانى كەرىم ۋە ئەرەب تىلى دەرسى بېرىۋاتىدۇ.

## ئۇستاز قەمىردىن قارىم

قارىلىقنى كۇرسىمىزدا پۈتتۈرگەن. تەجۋىد ئىلمىنى كۇرسىمىزنىڭ تەجۋىد ئۇستازى ئابدۇللاھ سانفۇدىن  ئالغان بولۇپ، مىسىردىمۇ ئىككى يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. ھازىر كۇرسىمىزدا قۇرئانى كەرىم دەرسىنى بەرمەكتە.

# ئۇستازلىرىمىز

### ئۇستاز قۇددۇس ھاپىز

ۋەتىنىمىزدە ئوقۇغان بولۇپ، تۈرلۈك ئىلمي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان. 1995 -يىلى شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدا چاقىرىلغان 13 -نۆۋەتلىك فونېتىكا تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشقان. ھازىر « قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟ » دېگەن 1800 بەتلىك ئەسىرىنى تاماملاش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. ئۇستازىمىز ۋەتىنىمىزدە تىل تەتقىقاتى بىلەن مەشھۇردۇر. تۈرك تىلىنى 2000 -يىلى ئىستانبۇل « تۆمەر »دە ئالتە ئاي ئوقۇپ تاماملىغان بولۇپ، ھازىر كۇرسىمىزدا ئۇيغۇر تىلى ،تۈرك تىلى ۋە ماتېماتىكا دەرسىنى بەرمەكتە.

### ئۇستاز مۇھەممەد ھەسەنى (ماراكەش)

ئىسلام ئىلمىنى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئوقۇغان بولۇپ، مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ھەدىس ئىلمى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. قارىلىقنى ماراكەشتە تاماملىغان بۇ ئۇستازىمىز، 10 يىللىق ئۇستازلىق تەجرىبىسى بىلەن كۇرسىمىزدا قۇرئانى كەرىم ۋە ئىسلام ئىلمى دەرسىنى بېرىۋاتىدۇ.

### ئۇستاز ئابدۇللەتىف قارىم

پاكىستان لاھوردا ئىسلام ئىنىستىتوتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، لاھوردىكى دارۇل ئۇلۇمدا ھەدىس بۆلۈمىنى پۈتتۈرگەن. كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستان رىياددىكى ئىمام مۇھەممەد بىن سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلامي ئىلىم تەھسىل قىلغان بۇ ئۇستازىمىز، ھازىر كۇرسىمىزدا قۇرئان كەرىم ۋە ئەرەب تىلى دەرسى بېرىۋاتىدۇ.


## خانىم ئۇستازلىرىمىز

كۇرسىمىزدا جەمئىي ئالتە خانىم ئۇستاز دەرس بېرىۋاتقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خىزمەتلىرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، تاللانغان ئۇستازلاردۇر. ئىلمي تەھسىللىرىنى بولسا ۋەتىنىمىزدە شۇنداقلا تۈركىيە، سۈرىيە، مىسىر ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق دىنىي ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن دۆلەتلەردە تاماملىغان. ھازىر بۇلار كۇرسىمىزدا قۇرئانى كەرىم ۋە ئەرەب تىلى دەرسى بېرىۋاتىدۇ.

ھەممە ئۇستازلىرىمىز بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى چىن قەلبى ۋە ئىخلاسى بىلەن ئورۇندىماقتا.

## كۇرسىمىزدىكى بىر قىسىم ئۇستازلار














## قىز ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن كۆرۈنۈشلەر






















## بىر قىسىم قارى ئوقۇغۇچىلىرىمىز
























# ياتاقلىق كۆرسىمىزدىن كۆرۈنۈشلەر













## كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمىزدىن كۆرۈنۈشلەر











# كۇتۇپخانا ۋە تەجۋىد دەرسى
















[ Oynatılıyor ]
ooVoo
www.ooVoo.com
muellim106
muellim105
muellim101
muellim
ooVoo


ooVoo
muellim101
muellim

# قىزلار ياتاقلىق كۆرسىمىز



# كۇرسىمىزنىڭ مۇراجىئەتى

ئەزىز قېرىنداشلىرىمىز! كۇرسىمىز ئېچىلغاندىن بۇيان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ كەتتە، لېكىن بىر قىسىم ئىمكانىيەتنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن، ئوقۇشقا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش شارائىت يارىتىپ بېرىشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتىمىز. شۇنداقتىمۇ كۇرسىمىز، بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ئىزچىل كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتىدۇ.

قىيىنچىلىقلار تۆۋەندىكىچە:

1- كۇرسىمىزغا كېلىپ - كېتىشى تەس بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىپ ئوقۇشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى يۈز كىشىلىك تەلىم ئالالايدىغان ياتاقلىق ئوقۇش بىناسى قۇرۇپ چىقىش.
2- تۈركىيە تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا كۇرسىمىزنىڭ شۆبىلىرىنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش.
3- دىنى خىزمەتنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا بىر ژورنال چىقىرىش.
4- ئىنتېرنېت نەق مەيدان دەرسخانىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىش.
5- كۇتۇپخانىمىزنى جانلاندۇرۇش.
6- كۇرسىمىزنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى ھەرخىل ئىلمي مۇسابىقە، مەدەني كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئېھتىياجلىرىمىز ئۈچۈن 20 كىشىلىك مىنىبۇس (كىچىك ئاپتوبۇس) سېتىۋېلىش.

مانا بۇ «مۇئەللىم قارىلىق ۋە ئەرەب تىلى كۇرسى» مىزنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى ئېھتىياجلىرى.

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ خالىس خىزمەتكە، ماددي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەمدە بولۇپ كۇرسىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرلىكتە ھەمكارلىششىنى ئۈمىت قىلىمىز. ھىممەتلىكلار ئۈچۈن جانابى ئاللاھتىن چەكسىز مەغپىرەت ۋە بەخت - سائادەت تىلەيمىز.

مۇئەللىم قارىلىق ۋە ئەرەب تىلى كۇرسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى
ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر».
-ئىمام بۇخارى


muallim

مۇئەللىم قارىلىق ۋە ئەرەب تىلى كۇرسى

Sümer Mah. 8/2 Sk. Adalılar Sitesi D.3
Zeytinburnu / İstanbul - TÜRKİYE
E-mail: muallimhizmet@hotmail.com
Gsm: (+90) 507 871 34 71